قاۋسلقان قامجان

# ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى

# ئويلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1209.9
1

قاۋسلقان قامجان

# ئەدەبيات تەرەققياتى ھەققىدىكى

# ئويلار

15
1209.9
1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

关于文学发展的思考/浩斯力汗·哈米江著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.11

ISBN 7-228-08437-3

Ⅰ. 关… Ⅱ. 浩… Ⅲ. ①维吾尔族—少数民族文学研究—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言)②哈萨克族—少数民族文学研究—新疆—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I209.9

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 103395 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提

责任校对:阿孜古丽·克里木

封面设计:阿力甫·夏

# 关于文学发展的思考 (维吾尔文)

浩斯力汗·哈米江 著

雅森·孜拉力 编辑

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐军星印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本 15.125 印张 1 插页

2004 年 1 月第 1 版 2004 年 1 月第 1 次印刷

印数:1—3000

ISBN 7-228-08437-3 定价:23.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئويلار

ئاپتورى: قاۋسىلقان قامىجان
مۇھەررىرى: ياسىن زىلال
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى «جۇنشىڭ» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168، مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 15.125، قىستۇرما ۋارىقى: 1
2004 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—08437—3
باھاسى 23.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

بېغىشلىما ........................ مەمتىمىن زاكىر
ئادەمنى قايتا ئويلاندۇرىدىغان «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى»···· 1
تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە مىجىت ناسىرنىڭ «كۆكلەم
سوۋغىسى» ........................................ 17
تالانت، ئىقتىدار - جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ ······ 31
جان ۋە قاندىن پۈتۈلگەن شېئىرلار ················ 49
كەڭلىك، مۇكەممەللىك ۋە چوڭقۇرلۇق ·············· 61
ئاتاقلىق جامائەت ئەربابىدىن ئاتاقلىق شائىرلىققىچە ······ 77
ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي ئېنسىكلوپېدىيىسى ·········· 89
ئەدىپ ۋە بالىلار ئەدەبىياتى ······················ 105
چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ······ 119
يېڭىلىق، ئىجادىيلىق ھەققىي ئىزدەنگۈچىلەرگە
مەنسۇپ ········································ 139
مەن تېيىپجان ئېلىيوپ ئەسەرلىرىنى قانداق تەتقىق
قىلدىم ········································ 153
قۇرمانالى ئوسمان شېئىرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە········ 164
مانا بۇ — بوغدا ································ 172
بەدىئىي زوقلىنىش ۋە ئېستېتىك تونۇش·············· 187
«لۇشۈن تەتقىقاتى» ئىلمى ھەققىدە ················ 208
شېئىرىيەتتىكى ماھارەت ۋە شائىر تەپەككۇرى ······ 214
ئاتاقلىق ئالىملىقتىن ئاتاقلىق يازغۇچىلىققىچە ······ 235



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەدەبىي مۇنبەر، بەدىئىي رەقەملەر ...... 249
«لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق
كىتاب ھەققىدە ...... 271
خەلق، داھىي، ئىنقىلاب ...... 282
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى - «چىپار ئاتلىق قازاق»
ھەققىدە ...... 287
ئاچچىق مەسخىرە، شىپالىق دورا ...... 295
ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ رولى ...... 311
يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال ۋە ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك
ئالاھىدىلىكى ...... 315
تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ...... 338
تەمى ئۆزگىچە يېڭى مېۋە ...... 342
ئۈمىد ياشلاردا ...... 348
قەلبلەر كۆكىدە چاقنىغان چولپان ...... 354
شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي تۇيغۇ ...... 358
ئىككى پارچە چاتما شېئىر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ...... 366
ئىلمىي ئەسەر — «دېڭىز - ئۈنچىلىرى» توغرىسىدا ...... 382
كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىك كۈيى ...... 391
ھەسرەت قىسسىسى ...... 396
ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك
تەربىيىسى ...... 401
«پەرۋاز قىل تۇرپان» ئۈستىدە مۇلاھىزە ...... 405
مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن درامىلىرى ھەققىدە ...... 411

# ئــادەمنى قــايتا ئويــلاندۇرىدىغان «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى»

1992 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي كىتابنــى نەشر قىلغان ئىدى. بۇ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ بىزگە مەڭگۈلۈك ئابىدە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدۇر.

مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىــدا كۆرۈنەرلىــك ئورۇن تۇتىدىغان زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى بىلەن خېلــى ئۇزۇندىن تارتىپ پىششىق تونۇش. مەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر خەلقىنىــڭ بۇ سۆيۈملۈك يازغۇچىسى ۋاپاتىنىڭ 11 يىللىقىنى خاتىــرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى سېغىنىش، چوڭقۇر ئەسلەش يۈزىسىدىن بۇ كىتابنى يەنە بىر قېتىم تەكرار، كۆڭۈل قويۇپ، سۆيۈنۈپ ئوقۇپ، يېڭىۋاشتىن بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ جەرياندا ئويلىغانلىرىمنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن قايتا ئورتاقلىششىنى مۇۋاپىق تاپتىم.

## زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ مىللىيلىكى

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەدەبىي ئەسەردە مىللىــي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي ئالاھىدىلىك بولمىغان ئەسەرلەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ياقتۇرمايلا

قالماستىن، باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرىمۇ ياقتۇرمايدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتى غەزىنىسىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مىللىي ئالاھىدىلىك يۇكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەنگەن. چۈنكى ھەر قانداق يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي ماھارىتىنى، تالانتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئېلىپ، مىللىي تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ مېۋە بېرىش ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ. زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەشھۇر ھېكايە، دراممىلىرىدا مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلەنگەن. «چېنىقىش» ھېكايىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەسىر كۆرسەتكەن زامانىمىزدىكى پارلاق نەمۇنە. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلىش ئارقىلىق مىللەت، مەملىكەت چېگراسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەردە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. يەنە كېلىپ يازغۇچى مۇشۇ مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر پروزىسىنى كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز ئەدەبىياتى ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن، شۇنداقلا دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىگە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدىن شەپە بەرگەن ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ مەملىكەت ۋە دۇنياۋى تەسىر كۈچى، بەدىئىي قۇدرىتى ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە تالانت دىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژ مەتنىياز ئوبرازىنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي خاراكتېرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭدەك يازغۇچى «چېنىقىش» ھېكايىسىدە باشتىن ئاخىر مىللىي مۇھىت ئىچىدە مىللىي خاسلىق ئالامەتلىرىنى يارقىنلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن مەتنىياز ئوبرازىنى تولۇق مىللىي روھ بىلەن تويۇندۇرغان.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مىللىيلىك ئاساسەن يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ تەسۋىرلىرىدە، مۇھىت، مەنزىرە تەسۋىرلىرىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. «باھارخان نان ياققان جايىدىن بىر،

ئىككى ئىسسىق نان، توقاچ، گاھى چاغدا كىر يۇغان جايدىن كوزىدا، يا ھېجىردا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆي تەرەپكە قايرىلدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتەتتى. باھارخان نېمە تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزى چەتتە تۇراتتى» («ماغدۇر كەتكەندە» دىن)، روشەن مىللىيلىك ئالامەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇ بۆلەكتە (ستاتتا) ئەگەر باھارخاننىڭ ئىسمىنى باشقا بىر مىللەت ئاياللىنىڭ ئىسمىگە ئۆزگەرتىۋەتسىڭىزمۇ يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنى ھېچقانداق قىلىپ يوقىتىش زادى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا باھارخاننىڭ ھەرىكەتلىرىدىن، مۇئامىلىسىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىدا بولىدىغان ئەرلىرىگە نىسبەتەن ئىستائەتمەنلىك، سەممىي ساداقەتلىك، كۆيۈمچانلىق خىسلىتى چىقىپ تۇرىدۇ. «بۈگۈن تاڭ يورۇشى بىلەن ئۆملۈكتە قىزغىن ئومىغا چۈشكەن ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئارىلاپ ئويۇن - چاقچاقلىرى، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئۇنى بىر جەھەتتىن ھەيران قالدۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ خىل زېرىكىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ...» ... «ئېرىق بويىدىكى چىغىر يول بىلەن بىرنەچچە خوتۇن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا چېلەك، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىدە خۇرجۇن ياكى يوغان - يوغان بوغما قاپاقلار بار ئىدى» («چېنىقىش» دىن).

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن مىللىي تۈسنىڭ ئېلېمېنتلىرى ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلمىغان ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. «مۈرىسىدە خۇرجۇن»، «يوغان - يوغان قاپاق» دېگەن سۆزلەردىن شۇ تەپسىلاتنىڭ باش - ئاخىرىدىكى ئېنىقلىمىلارنى ئوقۇپ ئولتۇرمايلا، مۈرىسىگە خۇرجۇن، قاپاق يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. ئالدىدىكى مىسالدا كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلغان

مېھنەت قوينىدىكى پائالىيەت يەنى ئەمگەك مۇھىتىدىكى رېئاللىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ روشەن مىللىي خاسلىقىغا ئىگە بىلەن يوغۇرۇلغان ئەمگەكچانلىقىنى، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشىكەشلىكىنى، خۇش چاقچاقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىدۇ. مانا بۇ زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۆز تىلى بىلەن شەرھىيلەنگەن: ئۇيغۇر يېزىلىرى زېمىنىدىكى «كوللېكتىپ مېھنەتنىڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. مېھنەتنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە قاراپ ئۆرلەپ بېرىشى. بۇ كىشىلەرنىڭ روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن قىلىدۇ». ھەقىقەتەن «ھەر قانداق ئىشقا قىزىقىش ۋە روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك بولمىسا ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ». مانا بۇ مىللىي ئاڭنىڭ مەنتىقىسى. مىللەت بولىدىكەن، مىللەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن مۇستەسنا يارىتىلغان ئەدەبىيات مەۋجۇت ئەمەس.

زۇنۇن قادىرى — مىللىي زېمىن مۇھىتى ئىچىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇر پروزىسى ۋە ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ ئىككى دەۋردىمۇ بوسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بايراقدارى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىن چىققان مىللىي قەھرىمان، ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى مىللىي تۇرمۇشنىڭ ساپ ماتېرىياللىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق مەشھۇر ھېكايىسى بىلەن «غۇنچەم» ناملىق مەشھۇر سەھنە ئەسىرىنى، يەنە بىر مۇنچە ھېكايە، درامىلارنى يېزىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بوسۇش خاراكتېرلىك ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىككى چوڭ ژانىر - پروزا بىلەن دراماتورگىيەنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساغلام مىللىي تۇرمۇشىنى، مىللىي پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. خەلق سۆيۈنگەن، تارىخ قەدىرلىگەن يۇقىرىدىكى ئىككى مەشھۇر

ئەسەر كېيىنكى ئۈمىدلىك ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆلمەس ئۆرنەك، ئەبەدىلئەبەد ساقلاشقا، ئەتىۋارلاشقا مۇناسىپ قۇتلۇق يالداما بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى جامائەتچىلىكىگە يادا بولۇپ كەتكەن مىللىي تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ھەقىقىي بەدىئىي قىسمىسى، گۈزەل دىراما تىلى، دىراماتىك توقۇنۇش ھېسسىياتى ئارقىلىق كۈيلەنگەن، سۇرەتلەنگەن ھەقىقىي مۇھەببەت ناخشىسى «غۇنچەم» نىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەدىئىي كۈچ ـ قۇدرىتىدىن كۆرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، تەسىرى، ئوينىغان رولى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا تارىخىي قىممىتىدە، رېئال ئەھمىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئىپادىلەش سەنئىتى، يازغۇچىنىڭ ماھارىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ مىللىي خاراكتېرلىرىنىڭ تىپىك، يارقىن يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار باغسىز ئولتۇرمايدۇ، ھەر بىر جېنى بار ئائىلىنىڭ بىردىن مېۋىلىك بېغى بولىدۇ. زۇنۇن قادىرى «غۇنچەم» دە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق باغنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

غۇنچەم: ياخشىمۇ دادام رەھمەتلىك مۇشۇ باغنى قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتۇق.

زورىخان: داداڭ ئۆزى كەمبەغەل بولغان بىلەن، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان، ئىنساپلىق، ئىشچان ئادەم ئىدى. قولى گۈل ئىدى ـ دە ئۇ رەھمەتلىكنىڭ، كۆچىتى زايە بولماي تۇتاتتى.

غۇنچەم: باغۋەنكەن ـ دە، ھە، ئاپا، دادام.

زورىخان: ۋاي بىر دەمسەن ئۇنى، ئۇستا باغۋەن ئىدى، مۇشۇ ئالمىلارنىڭ كۆچەتلىرىنى خۇددىي كىچىك بالىنى پەپىلەپ چوڭ قىلغاندەك ئۆستۇرگەنىدى . . .

يازغۇچى ناھايىتى ئىخچام، ۋەزىنلىك قىلىپ، ئانا ـ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بالىنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئالمىلىق باغنىڭ بەرپا قىلىش جەريانىنى سۈرەتلىسە، ئەمدى ئەسەردە غۇنچەم بىلەن زورىخانغا تۈپتىن قارىمۇ قارشى قويۇپ تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى بىر ئاساسلىق پېرسوناژ — دالا بۆرىسى شاكىيۇ ئاغزىدىن «. . . بۇ خوتۇننىڭ (زورىخاننى دېمەكچى) ياخشى ئىككى نەرسىسى بار - دە» دېيىش ئارقىلىق كۆركەم گۈللۈك باغ بىلەن گۈزەل قەلەم قاش قىزنى تۇل خوتۇن زورىخاننىڭ قولىدىكى ئۇزۇكنىڭ ئىككى ياقۇت كۆزىدەك قىلىپ كۆرسىتىپ باغنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبرازلاشتۇرىدۇ.

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن يەنى 50 - يىللارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچى زۇنۇن قادىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسىرى «چېنىقىش» دراممىسىنى يېزىپ، يېڭى دەۋر بەخش ئەتكەن غايەت زور ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە يەنە بىر قېتىم بۆسۈش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۇرلۇق، ئىستىقباللىق كەلگۈسى ئۈچۈن چاقناپ تۇرغان شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى كۆپرەك يېزا ھاياتىدىن، ئاددىي ئادەملەر تۇرمۇشىدىن تېما تاللاپ، ماتېرىيال ئېلىپ يېزىلغان. شۇڭا، يازغۇچىنىڭ ھەر قانداق ئەسىرىنى ئوقۇساق، ئۇيغۇر خەلقى ئولتۇراقلاشقان زېمىننىڭ ئۆزگىچە، تىرىكچىلىك قىلىدىغان مەھەللە، ھويلا - ئاراملىرىنىڭ چىۋەرلىك بىلەن سىزىلغان گۈزەل كارتىنىسىنى كۆرىمىز.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە، دراممىلىرىدا خۇددى ئۆز يۇرتىمىز، ئۆز مەھەللىلىرىمىزدىكى بىللە تۇغۇلۇپ، بىللە چوڭ بولغان يېقىن تۇغقانلىرىمىز ياكى ئۆز ئەتراپىمىزدىكى بىزگە پىششىق تونۇش كىشىلەردەك، ئىسىملىرى يادا بولۇپ كەتكەن، تەقى - تۇرقى دائىم كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدىغان، باقى، مەتنىياز،

غۇنچەم، ھاشىم ئاخۇن، گۇلنىسا، ئۆمەر شاڭيۇ قاتارلىق جانلىق ئوبرازلار بار. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، تىركىشىش ـ توقۇنۇشلىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغان ۋەقەلەردىن، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە تەئەللۇق مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەقىقىي تۇردە مىللىي تۇپراقنىڭ قات ـ قېتىدىن بىخلىنىپ، مۇنبەت مىللىي تۇرمۇش ئېتىزىدىن زوق ئېلىپ، بەدىئىي ئەدەبىيات باغچىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، مىللىي پۇراق قېنىق سىڭدۇرۇلگەن، تەمى ئۆزگىچە مەنىۋىي بايلىقتۇر.

## زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ رېئالىستىكلىقى

ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى مۇھىتىغا رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى زۇنۇن قادىرى ئېلىپ كىرگەنلىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان. يازغۇچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان ئىجادىي پائالىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر چىنلىققا، رېئاللىققا سادىق بولدى، باشتىن ئاخىر رېئالىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللاندى.

زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: يازغۇچىنىڭ ئالدىنقى دەۋردىكى ئەسەرلىرى ئاساسەن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى «مۆئەللىمنىڭ خېتى»، «رودۇپاي»، «پەرمان»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «غۇنچەم»، «گۇلنىسا» قاتارلىق ھېكايە ۋە سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان زۇلۇم دۇنياسىنىڭ رېئال كارتىنىسىنى ئۇستىلىق بىلەن سىزغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ھەممە جايدا ھۆكۈم سۈرگەن ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىكلەرنى ئاشكارىلاپ، ئادەمخور كونا جەمئىيەتتىكى قىلىچىدىن قان تامغان ۋەھشىي، ياۋۇز قارا كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت ئوقۇغان. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىپ زۇلۇم دەستىدىن خورلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈلپەتلىك ھاياتىنى، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان. بۇ مەزگىلدە زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتى رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىجادىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىپ، رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىستىلى، ئۇسلۇبىنى رەسمىي تۇرمۇشقا يېقىنلىشىپ بولغانىدى. گەرچە يازغۇچى قولىغا قورال ئېلىپ، قوشۇن تەشكىللەپ زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتمىسىمۇ، قەلەمنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتىگە تايىنىپ كونا دۇنيانىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇردى. خەلقنى قاخشاتقان، شىللىسىغا مىنىۋېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ئاقسۆڭەك فېئوداللارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاشكارىلاش بىلەن ھېسداشلىق قىلىش، نەپرەتلىنىش بىلەن مۇھەببەت باغلاش مەسىلىسى زۇنۇن قادىرىنىڭ رېئالىستىك ئەسەرلىرىنىڭ توپ نېگىزلىك تۈگىنى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدە ئاساسەن قەلەمنىڭ ئۇچىنى زۇلۇم، جاھالەت دۇنياسىنى پاش قىلىشقا، ياۋۇز، ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا، ئەيىبلەشكە، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا زۇلۇم، جاھالەت زەنجىرىگە چىرمالغان، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىگە، ئەركىن كاسىپلارغا، ئىلىم ئىگىلىرىگە چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا قاراتتى.

«پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان تۇيۇقسىز ئاۋاز مۇئەللىمنى سەسكەندۈرۋەتتى. ئۇنىڭ چىگىش خىياللىرى دەھشەتلىك بىر

قورقۇنچقا ئورۇن بېرىپ قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، بىر نۇقتىغا قاراپ بەزگەك كىشىدەك تىترەشكە باشلىدى. چۈنكى مۇشۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جاللات شېڭ شىسەينىڭ خەلققە كۆرسىتىۋاتقان دەھشەتلىك قانلىق كارتىنىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. مىڭلاپ ـ مىڭلاپ كىشىلەر تۇيۇقسىزلا كۆك ماشىنىغا چۈشۈپ غايىب بولاتتى. ئۇلار نېمە گۇناھ قىلدى ۋە نەگە ئېلىپ كېتىلدى؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن تۈرمىلەردە بولۇۋاتقان ھاقارەت، زورلۇق، زۇلۇم، ۋەھشىيلەرچە قىيناشلار ئادەم سويىدىغان قۇشخانىلاردا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە دەھشەتلىكرەك قىيناپ ئۆلتۈرۈشلەرنى سېزەتتى» («مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىدىن).

رېئاللىقنى چىنلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن يۇقىرىدىكى باياننى ئوقۇغان چېغىمىزدا پۈتۈن بەدىنىمىز تىترەيدۇ. ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان زۇلۇمنىڭ، تارتقۇزغان ئازابىنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋپ ئالالايسىز.

40 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، زۇنۇن قادىرنىڭ قەلىمى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. بۇ مەزگىلدە تالانتلىق يازغۇچى رېئالىستىك ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ بولۇپمۇ تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك. يازغۇچىنىڭ مۇشۇ چاغلاردا يازغان ھېكايىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى شۇ تەنقىدىي رېئالىستىك يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ھېكايىلىرىنىڭ (چېخوپنىڭ ھېكايىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش) ھەجمى بەكمۇ ئىخچام، تىلى شۇنداق چۈچۈك، ساتىرىك پۇرىقى بەكمۇ قويۇق. ماۋزۇسىمۇ قىزىقارلىق قويۇلغان. كومپوزىتسىيىسىنى كۆلكە بىلەن يۇغۇرۇلغان يۇمۇرىستىك تىل، ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھەجۋىي

دېتاللار ئىگىلىگەن. «كۆچۈككە ھۇجۇم» ناملىق ھېكايىسىدە بىر ئوفىتسېر كۈچۈكنى ھەدەپ تىللايدۇ. ئاخىرى كۆرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش باسقۇچىغا يەتكەندە ئوفىتسېر كۈچۈكنى ئېتىپ تاشلاپ غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ تەنە قىلىشى ئارقىلىق، ئوفىتسېر قويلارغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلغان دونكىخوتچە قەھرىمان دېگەن نام ئالىدۇ. «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ناملىق ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى بۇنىڭدىنمۇ قىزىق يېزىلغان. ئۇنىڭدا پارىخور ئەمەلدارنىڭ ئەپت - بەشىرىلىرى راسا چۇۋۇپ تاشلانغان. بۇ ھېكايە ئەينى دەۋردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەردۇر. ھېكايىدە كونا شىيەنجاڭ يېڭى شىيەنجاڭغا پارىخورلۇق بابىدىن دەرس ئۆتۈپ يول كۆرسىتىدۇ: «مەسىلەن، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بىرىنى مەن يامان دەپ ئىشارەت بارمىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام، قورقۇپ كېتىپ بار دۇنياسىنى ئايىماي ئۆيۈمگە ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئەگەر بەزىسىنى مەن ياخشى دەپ باشمالتىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام خۇشامەت قىلىپ ئۇمۇ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئۆيۈمگە توشۇيدۇ. مانا شۇ ئىككى بارمىقىم بىلەنلا ئىش پۈتىدۇ».

زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرى 50 - يىللارنىڭ بېشىدىن 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يېڭى دەۋر ئەمەلىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرى «چىنىقىش»، «قىزىلگۈل»، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە»، «بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت» قاتارلىق ھېكايە ۋە ئوچېرك، سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. بۇلاردا ئاساسەن ئازاد زامان رېئاللىقى ۋە ئۇنىڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، يېڭى ئادەملەرنىڭ يېڭىچە مۇناسىۋەتلىرى، يېڭى مەزمۇن ئالغان

ھايات باغچىسىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى پائالىيەتلىرى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرى يارقىن، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پېرسوناژلارنىڭ كىشىلىك قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىدىكى مەۋجۇت زىددىيەتلەر، كەسكىن تىركىشىشلەر مەنتىقىلىق ھەم ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرگۈدەك دەرىجىدە بىر تەرەپ قىلىنغان.

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىلگىرى يېزىلغان «چېنىقىش» ناملىق ھېكايە ئەينى ۋاقىتتىمۇ مەشھۇر ئەسەر ھېسابلانغان ئىدى، ھازىرمۇ مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە رېئال تۇرمۇش چىنلىقى، دەۋر ھەقىقىتى، كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىش مەنتىقىسى، ماھىيەتلىك دېتاللار يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان دولقۇنسىمان سۇژېتكە سىڭدۈرۈلۈپ رېئالىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە راۋاجلاندۇرۇلغان. شۇنداقلا زامان ئۆزگىرىشى، كىشىلەر ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھېكايىدە يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئىككى دەۋر رېئاللىقىنى بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن بۇ رېئاللىقنى «چېنىقىش» تا ماھىيەتلىك ئالامەتلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى ئەسەردە مەتنىيازنىڭ ئۆزىدىكى پاسسىپ ئىدىيىۋى ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى ھالەتنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى، بىر تەرەپتىن ئۇنى ئىچكى ئامىلنىڭ تەسىرىگە باغلىسا يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە باغلاپ كۆرسىتىدۇ. ئاخىرى بۇ ئىككىلىسىنىڭ بىرىدە مەتنىيازنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، ئادەملەرنى نابۇت قىلغان كونا جەمئىيەتكە نەپرەت ياغدۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن ئادەملەرنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلدۇرغان يېڭى دەۋرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ يەنە مۇشۇ مەزگىلدە يازغان، شۇنداقلا يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چوڭ ھەجىملىك سەھنە



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com